2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
18
پەيشەنبە
维吾尔文 6 月18日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25096 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت

## خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى ئۆلچەم بايرىقىنى تىكلەش　جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتىدە يېڭى يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تۈرتكە بولۇش

### ـــ رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، باشلىقلار يىغىنى دوستانە، قىزغىن، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېچىلدى، نەتىجىسى مول بولدى، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋۇ يۈ) 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە، رەئىس شى جىنپىڭ بېيجىڭدا جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرايلى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى. باشلىقلار يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىر ياردەمچىسى چېن شياۋدۇڭ خەلق گېزىتخانىسى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى

### جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ يۇقۇمنىڭ كەسكىن سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىشنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەنلىكىنى كۆرسەتتى، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تەكىتلىدى

### ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى




6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرايلى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى. بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنى جۇڭگو ۋە ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقا، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال بىرلىكتە تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ خەيتاۋ فوتوسى




6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرايلى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى. بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنى جۇڭگو ۋە ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقا، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال بىرلىكتە تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە بېيجىڭدا جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرايلى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا تېخىمۇ ئىنتىپاقلاشتى، دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىش تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى قەدىرلەيدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ. ئىككى تەرەپ خەلقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپ، قەتئىي تەۋرەنمەي قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى ۋە تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشى كېرەك. يىغىندا «جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىنتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ قوشما باياناتى» ئېلان قىلىنىپ، خەلقئارا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى . باشقا جايغا كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ①

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش بازىرى:

### كۆز ئالدىمىزدىكى تۇرمۇش نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئارزۇسى

4 ـ بەتتە

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ قېتىملىق يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

قىلچە ئۆكۈنمەي، سادىقلىق بىلەن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش

### يولداش سۈن چاۋغا «چېگرانى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قاراۋۇل» دېگەن نام بېرىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى قونجىراپ

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون سەھىيە ـ ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

### ئىممۇنى سەھىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش كېرەك

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون سەھىيە ـ ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، يېڭى دەۋردىكى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

ئاپتونوم رايون ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسى چىقاردى

## بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ 88% تىن ئېشىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك




**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۇەن لى** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بىر قەدەر زور تەسىر كۆرسەتتى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى «2020 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «لايىھە» دېيىلىدۇ)»نى تۈزۈپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلاردىن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، 2020 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ يىل ئاخىرىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنى 88%تىن ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)




6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىشچى يېڭىسار ناھىيەسىدىكى بىر توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىنىڭ سېخىدا ئىشلىمەكتە. ئىگىلىنىشچە، بۇ شىركەت شۇ جايدىكى 460 نەپەر يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

كەسىپ تەرەققىياتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى

ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىنى رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئەمەلىيلەشتى

## شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ پېيىنى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىدە بازارغا سېلىنىشقا تېز تۈرتكە بولدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈفېينىڭ** شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكى ئىسلاھاتى «شەرق شامىلى»نىڭ ياردىمىدە، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلىرىنىڭ پېيىنى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىدە بازارغا سېلىنىشقا پائال تۈرتكە بولغان. ھازىر، شىنجاڭ IPO (پاي چېكى تۇنجى قېتىم ئاشكارا تارقىتىلغان ھەم بازارغا سېلىنغان) يېتەكچىلىك قىلىنىۋاتقان كارخانا 22، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىگە ئىلتىماس قىلىش مۇددىئاسى بولغان كارخانىدىن بەشى بار؛ شىنجاڭ IPO تەكشۈرۈۋاتقان ئىككى كارخانىنىڭ بىرى ئاساسىي بۆلەك كارخانىسى، بىرى ئوتتۇرا، كىچىك بۆلەك كارخانىسى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاكسىيە نازارەتچىلىك كومىتېتى «ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىدە پاي چېكىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا تارقىتىشنى رويخەتكە ئېلىپ باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت ھۆججەتلىرىنى ئېلان قىلدى؛ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، شېنجېن ئاكسىيە بىرژىسى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىدىكى تەكشۈرۈلۈۋاتقان

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)